# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتى (مۇڭغۇلچە) شىنجاڭ گېزىتى (قازاقچە) 新疆日报

2021 - يىل 2 - ئاي
3
چارشەنبە
维吾尔文 2 月3日
25326 - سان
بۈگۈن 8 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　تىيانشان تورى: www.ts.cn


## ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭى ئېنېرگىيە گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى، توك تارقىتىش مىقدارى، پايدىلىنىش نىسبىتى ئۇدا بەش يىل ئاشتى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **چېن چياڭۋېي**، ئىختىيارىي مۇخبىرلار **خۇ پېيگېن، رەن شيۇمىن**نىڭ دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، «13 - بەش يىل»نىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭى ئېنېرگىيە گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى سىغىمچانلىقى، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى، پايدىلىنىش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 35 مىليون 610 مىڭ كىلوۋاتقا، 58 مىليارد 500 مىليون كىلوۋات سائەتكە، 91.14%كە يەتكەن. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، بۇ ئۈچ تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتتا بىردەك ئۇدا بەش يىل ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئېلېكتىر تورىدا يېڭىدىن كۆپەيگەن تۈرلۈك گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى سىغىمچانلىقى 38 مىليون 130 مىڭ كىلوۋات بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى ئېنېرگىيە 13 مىليون 620 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئومۇمىي گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى سىغىمچانلىقىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، يىللىق ئوتتۇرىچە 10% ئاشقان. يېڭىدىن كۆپەيگەن يېڭى ئېنېرگىيە گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى سىغىمچانلىقىدا شامال ئېلېكتىرى 6 مىليون 640 مىڭ كىلوۋات، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى 6 مىليون 980 مىڭ كىلوۋات بولغان.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

چېن چۇەنگو ئۈرۈمچى شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان قىسمەن ساھەلەردىكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى يوقلىغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# نىشان - ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا تۆھپە بولۇش كېرەك

نۇرلان ئەبىلمەجىن يوقلاشقا ۋە مۇزاكىرىگە قاتناشتى



2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسى، ئاخبارات - نەشرىيات ساھەسى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى، چياۋمىنلار بىرلەشمىسى، تاشقى دوستلۇق ساھەسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ساھەسى، دىن ساھەسى، ئالاھىدە تەكلىپلىك زاتلار ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىدى ھەم بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىغا قاتنىشىپ پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى.

□ ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈي جىجيەن فوتوسى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۈك، ۋاڭ شىگرۈي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسى، ئاخبارات - نەشرىيات ساھەسى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى، چياۋمىنلار بىرلەشمىسى، تاشقى دوستلۇق ساھەسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ساھەسى، دىن ساھەسى، ئالاھىدە تەكلىپلىك زاتلار ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىدى ھەم بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىغا قاتنىشىپ پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتىكى قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

نۇرلان ئەبىلمەجىن، شۇ خەيرۇڭ، لىيۇ سۇشې، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇتەللىپ ئوبۇل قاتارلىقلار قاراپ چىقىش ياكى مۇزاكىرىگە قاتناشتى.

ئۈرۈمچى شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىدە كەيپىيات قىزغىن ئىدى، ياسىن سىدىق، گۈلنار ئابدۇكېرەم، لىيۇ يەندۇڭ، ما يۈجۈڭ، لىيۇ خۈي، خې شياۋيى قاتارلىق ۋەكىللەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى. سۆزنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۇەنگو سۆز قىلىپ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى تامامەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلغان،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا شىنجاڭ قانداق نەتىجىلەرنى يارىتىشى كېرەك

**ئىككى يىغىندا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش**

دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقئارا، دۆلەت ئىچى مۇھىتى ۋە ۋەزىيەتكە ئاساسەن ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر. يېڭى ئەندىزە يېڭى پىكىر يولى، يېڭى چارە، يېڭى ئىقتىدارغا ئېھتىياجلىق. مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، شىنجاڭ قانداق قىلغاندا يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش داۋامىدا پۇرسەتنى ئالدىن ئىگىلەپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ؟ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى يىغىنىدا ۋەكىللەر، ئەزالار بۇ توغرىسىدا قىزغىن مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردى.

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى شى شىن

### يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە يېڭى پۇرسەت مۇجەسسەملىنىش

«يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا، شىنجاڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە!» ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى سۇڭ جيەنخۇا ئۇزاق مەزگىل شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ئىقتىساد ساھەسىدىكى تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق قارىدى: شىنجاڭنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇش، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇش ئاساسىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، سانائەتلەشتۈرۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش مەزگىلىگە كىردى، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشماقتا.

كۆندىلەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا ئەزا سۇڭ جيەنخۇا يەنە ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، غەربىي قىسمىنى كەڭ ئېچىش، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ نىسبەتەن بېكىنمە ئىچكى قۇرۇقلۇقتىن سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايلانغانلىقىغا دىققەت قىلدى، بۇ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىشكە، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى قوش ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

«يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا، جەزمەن شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىش ۋە دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشتىكى ئورنى ۋە سىلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى توغرا تېپىش كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۇ بىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىر تەرەپتىن، مەۋقەنى دۆلەت ئىچى بازىرىغا قويۇپ،

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

100 يىللىق كۈرەش يولى　يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

## ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە نەتىجە - ئۈنۈم كۆرۈلدى، قىيىنچىلىقى بار ئائىمىنىڭ «داۋالىنىش»تا يۆلەنچۈكى بار بولدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جاۋاب قەغىزى⑤

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى چاۋ جىن

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتە، ئىللىق قۇياش نۇرى دېرىزىدىن كېسەل كارىۋىتىغا چۈشۈپ تۇراتتى، نۇرمان ئابدۇغېنى كۆڭۈلمىسىرىگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «ياخشى دوختۇرخانا ئىشكىمىز ئالدىدىلا، ياخشى دوختۇرلار يېنىمىزدىلا، ئۇلار بىزنىڭ ساغلاملىقىمىزنى قوغداۋاتىدۇ.» خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا كېرىيە ناھىيەسى قارقى يېزىسى بازار توپ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇرمان ئابدۇغېنى ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى قايتا تەكشۈرۈشنى ئەمدىلا تاماملىغانىدى.

ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلاملىقى بولمىسا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيە بولمايدۇ. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى باشتىن - ئاخىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق ھالقا قىلىپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاپ، نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسنى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى، داۋالاش ياردىمى تۈزۈمىنىڭ قاپلاش دائىرىسىگە كىرگۈزدى، كېسەللىكلەرنى تۈرگە ئايرىپ قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى يولغا قويۇپ، داۋالاش مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، كاپالەت سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات نوپۇسنىڭ ساغلاملىقنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش، ئاغرىپ قالغانلارنى داۋالايدىغان ئادەم بولۇش، كېسەل داۋالاتسا ئاتچوت قىلغىلى بولۇش، چوڭ كېسەل بولسا قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش بار بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ساغلاملىق مۇداپىئە لىنىيەسىنى پۇختىلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىدى.

### دەل جايىدا كاپالەتلەندۈرۈلدى

**نامرات نوپۇس كېسەل كۆرسەتلەيدىغان بولدى**

«بۇ 25 مىڭ 730 يۈەن كېسەلخانىدا ياتقاندىكى ئومۇمىي چىقىمىمىز، ئاتچوت قىلىنىدىغان تۈرلەرنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا بىز تۆلەشكە تېگىشلىك ھەق 1413 يۈەن.» 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش راسچوت كۆزنىكىدە،

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى 2 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۈك، ۋاڭ شىگرۈي، يۈەن لىپ** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى 2 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى 2 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا كىلىپ ئەزالارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى

نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا قاتناشتى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياك** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى 2 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى، 14 ئەزا يىغىندا سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جېڭۋېيىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا كىلىپ ئەزالارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جىېنشەن، جۈرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، جاڭ بو، كۈڭ شىگلۇڭ، ئىلھام سابىر، ما شيۇگۇچېڭ يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇتەللىپ ئوبۇل يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شۆھرەت زاكىر قەشقەر ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى

## تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش كېرەك

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يۈنپې** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى قەشقەر ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە كېلىپ قاراپ چىقىشقا قاتناشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شەۋكەت ئىمىن تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى

## ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ جيېيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 15 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياك** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 15 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

نۇرلان ئەبىلمەجىن ئىلى ئوبلاستى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى

## يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياك** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى.

(ئاخىرى 5 - بەتتە)

ۋاڭ جۈنجېڭ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى

## باش نىشاننى زىچ چۆرىدەپ بىڭتۇەننىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ئادا قىلىش كېرەك

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لىيۇ شياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جېڭۋېيىسى ۋاڭ جۈنجېڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى.

(ئاخىرى 5 - بەتتە)